### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بۇيرۇق ئىمزالىدى

# بىر شەخس، ئۈچ ئورۇنغا شەرەپلىك نام بېرىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا بۇيرۇق ئىمزالىدى، بىر شەخس، ئۈچ ئورۇنغا شەرەپلىك نام بېرىلدى.

قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەلۇم مىنا تازىلاش ـ پارتلاتقۇچ بىرتەرەپ قىلىش چوڭ ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى دۇ فۇگوغا «مىنا تازىلاشتىكى قەھرىمان جەڭچى» دەپ شەرەپلىك نام بېرىلدى. دۇ فۇگو، ئەر، 1991 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 2010 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن. 2015 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چېگرادا مىنا تازىلاش ھەرىكىتىگە قاتناشقان، 2018 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مىنا بىرتەرەپ قىلىۋاتقاندا سەپدىشىنى قوغداش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە يارىلىنىپ، ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان، ئىككى قولىدىن ئايرىلغان. ھەربىي سەپكە كىرگەندىن بۇيان، بۇ يولداش بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا قەتئىي ئىرادە باغلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇراجىئەت قىلىپ چېگرادا مىنا تازىلاش ۋەزىپىسىگە قاتنىشىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مىنا مەيدانىغا 1000 قېتىمدىن ئارتۇق كىرىپ ـ چىقىپ، جەمئىي 2400دىن ئارتۇق پارتلاتقۇچ بۇيۇمنى تازىلىدى، 20دىن ئارتۇق تۈرلۈك خەتەرلىك ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلدى؛ تىرىشىپ ماھارەتتە كامالەتكە يېتىپ، ئىقتىدارنى كۈچەيتىپ، كەسپىي ماھارەتنى پىششىق ئىگىلەپ، بىر قاتار ئۈنۈملۈك مەشغۇلات ئۇسۇلىنى ئىزدىنىپ شەكىللەندۈرۈپ، پارتلاشنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەشنىڭ سۈرئىتى ۋە ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈردى؛ باتۇرلۇق بىلەن ئاتاكىغا ئۆتۈپ ئالدىدا مېڭىپ، مىنا مەيدانىنى جەڭ مەيدانى قىلىپ، خەتەرلىك جىددىي پەيتتە ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، «مەن قالاي» دەپ توۋلاپ، خەتەرنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، بىخەتەرلىكنى سەپداشلىرىغا ئۆتۈنۈپ بەردى؛ قەيسەر ئىرادىنى ساقلاپ، ئېغىر يارىلانغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، قەيسەر، ئۈمىدۋار بولۇپ، ئۆگىنىش، مەشىقتە چىڭ تۇردى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. بۇ يولداش ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى تەرىپىدىن «تۆتكە ئىگە» يېڭى دەۋردىكى ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ تەقدىرلەندى، «جۇڭگونى تەسىرلەندۈرگەن 2018 ـ يىللىق شەخس»، «مەملىكەت بويىچە ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالاندى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ئۇنىڭغا «دەۋر ئۈلگىسى» دېگەن نام بەردى، شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

ھاۋا ئارمىيە ئاۋىياتسىيە قىسمى مەلۇم لۈيى ئۇچۇش 1 ـ چوڭ ئەترىتىگە «ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى ئاۋانگارت ئۇچۇش چوڭ ئەترىتى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى. ھاۋا ئارمىيە ئاۋىياتسىيە قىسمى مەلۇم لۈينىڭ ئۇچۇش 1 ـ چوڭ ئەترىتى ھاۋا ئارمىيەسى تۇنجى تۈركۈمدە تەشكىللىگەن، تۇنجى قېتىم جەڭگە قاتناشقان، تۇنجى قېتىم غەلىبە نەتىجىسىگە ئېرىشكەن قەھرىمان ئۇچۇش چوڭ ئەترىتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ چوڭ ئەترەت زور كۈچ بىلەن ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى، ئىزدىنىپ قانات يايدۇرغان تەشكىللىك مەشىق ئۇسۇلى ھاۋا ئارمىيەسىدە كېڭەيتىلدى؛ ئەمەلىي جەڭ ئەمەلىي مەشقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھازىر بار بولغان ئۇچقۇچىلار كۆپ تۈرلۈك يۇقىرى چەك شارائىتىدىكى ئۇچۇش مەشقى ھەممىدە دەل يېتەكلىنىدىغان قورال ئارقىلىق قارىغا ئېتىش مەشقىنى تاماملىدى؛ دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ بەسلىشىپ، كۆپ قېتىم چوڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. ئۇدا 22 يىل بوشلۇق، يەر بىخەتەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇدا 22 يىل ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، ئۈچ قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، تۆت قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 2014 ـ يىلى ھاۋا ئارمىيەسى تەرىپىدىن «ئاۋانگارت ئۇچۇش چوڭ ئەترىتى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تەرىپىدىن «پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ھەربىي مەشىقتىكى ئىلغار ئورۇن»، «پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى ئۈلگە ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەندى.

63798 ـ قىسمىنىڭ يەر يۈزى ئۈسكۈنە پونكىتىغا «ئالەم قاتنىشىدا ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشتىكى نەمۇنىلىك يەر يۈزى پونكىتى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

63837 ـ قىسىم مەلۇم ئىشخانىسىغا «جەڭ ئۈچۈن پەن تەتقىق قىلىش ئاۋانگارتى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېت پۈتۈن ئارمىيەدىكى قىسىملار ۋە كەڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋر ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەسى فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش، ئارمىيەنى ئىسلاھات ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، ئارمىيەنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى توپلاپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ، جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلدى!

### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئومۇمىي بۇيرۇق ئىمزالىدى

# تۆت شەخس، بىر ئورۇنغا تۆھپە يېزىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئومۇمىي بۇيرۇق ئىمزالىدى، تۆت شەخس، بىر ئورۇنغا تۆھپە يېزىلدى.

دېڭىز ئارمىيەسى قۇرۇلۇش داشۆسى مەلۇم تەتقىقات ئورنىنىڭ پروفېسسورى ۋاڭ دۇڭ، سابىق 2 ـ ھەربىي تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 2 ـ دوختۇرخانا نېرۋا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇدىر ۋىراچ، پروفېسسور خۇ لىجۇن، ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى سىستېما قۇرۇلۇشى تەتقىقات يۈرتى مەلۇم تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى خې يۈەنجىگە 1 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى؛ راكېتا ئارمىيەسى قۇرۇلۇش داشۆسى باشقۇرۇلىدىغان بومبا قۇرۇلۇشى شۆبىسىنىڭ 204 ـ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ پروفېسسورى خۇ چاڭخۇاغا 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى.

96717 ـ قىسمىغا 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يېزىلدى.

### مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقاتتى

# پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىدە پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلاردىن پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشتىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقستى ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاشتىكى مۇھىم يول قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، يېتەكلەپ، پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىدىكى مۇھىم، زور ۋەقەلەر، مۇھىم يىغىنلار، مۇھىم ھۆججەتلەر، مۇھىم شەخسلەرنى چۈشىنىپ، پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ مىسلىسىز مۇشەققەتلىك كۈرەش قىلىش تارىخىي مۇساپىسىنى چۈشىنىپ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىن بۇيانقى 170 نەچچە يىللىق كۈرەش تارىخى، پارتىيەمىزنىڭ 98 يىللىق كۈرەش تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 70 يىللىق تەرەققىيات تارىخىنى چۈشىنىپ، پارتىيەمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى، قىممەتلىك تەجرىبىسى ۋە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چۈشىنىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئۈزلۈكسىز ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا، بىزنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىمىز، قەيەرگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مىسلىسىز مۇشەققەتنىڭ نېمىلىكىنى، قانداق كەلگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيۈش، تارىخنى بىلىپ ۋەتەننى سۆيۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش مەقستى، پارتىيەنى ئويلاش مەسئۇلىيىتى، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى دائىم كۆڭلىگە پۈكۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىشنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، ماقالىلىرىدىكى پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىغا ئالاقىدار مۇھىم بايانلارنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»قا بولغان تونۇش ۋە چۈشىنىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تەشكىللەش، يېتەكلەش كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەمىزنىڭ ئىلغار سىياسىي خۇسۇسىيىتى، ئالىيجاناب سىياسىي غايىسى، يۈكسەك سىياسىي ئىستىكى، ساپ سىياسىي پەزىلىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، قىزىل گېنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىش كېرەك؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگونىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تارىخىي مۇقەررەرلىكنى چوڭقۇر تونۇپ، يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىش كېرەك؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بۇرچى ۋە تۈپ ئاساسىي مەقستىنى چوڭقۇر تونۇپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بېلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر مۇھەببىتى داۋامىدا خەلققە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاش كېرەك؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ شۇ دەۋر كىشىلىرىگە خاس مەسئۇلىيىتى بولۇشىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىنقىلابىي روھ ۋە كۈرەش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىش كېرەك؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەمىزنىڭ سادىقەتمەنلىككە تايىنىپ سىناقلاردىن ئۆتكەنلىكى، سادىقەتمەنلىككە تايىنىپ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەنلىكى، سادىقەتمەنلىككە تايىنىپ تەرەققىي قىلىپ زورايغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى باش تېما تەربىيەسى داۋامىدا پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 90 يىلى» قاتارلىق پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخى ئەسەرلىرىنى قوشۇمچە ئوقۇشلۇق قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشقا تەشكىللىشى كېرەك. پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنى تەتبىقلاپ، ھەقىقىي ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تارىخىي تەپەككۇرنى ئۆگىنىپ، تارىخىي نەزەرنى يېتىلدۈرۈپ، تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەردەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىلىرى مۇۋاپىق شەكىل قوللىنىپ ئۆگىنىشى، پىكىر ئالماشتۇرۇشى كېرەك. باش تېما تەربىيەسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈپ، پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىشنى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى دائىملىق تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، پارتىيە تارىخى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى ئۆگىنىشنى سىجىل تۇتۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ قېتىمقى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشى 1 ـ ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن بارلىق ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى، خەلق ئەسكەرلىرى ۋە زاپاس ھەربىيلەرنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى!

ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى يولداش تەن يادۇڭ ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى ئىسلاھاتى توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى ھەم پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگو ئارزۇسى، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلەپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئومۇمىي دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئالدى بىلەن ئارمىيەنىڭ رەھبەرلىك، قوماندانلىق تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئارمىيەنىڭ كۆلەم قۇرۇلمىسى ۋە كۈچ تۈزۈلۈشى ئىسلاھاتىنى قاتلاممۇقاتلام ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى چەكلەيدىغان تۈزۈلمە خاراكتېرلىك توسالغۇ، قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەتنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ئارمىيەمىزنىڭ تەشكىلىي رامكا قۇرۇلمىسىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش، كۈچ سىستېمىسىدىكى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك قايتا بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىكى مۇھىم نۇقتا يېڭى دەۋر، يېڭى بۇرچ، يېڭى تۈزۈلمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بولۇپ، بۇ قەدەمنى چوقۇم ياخشى بېسىش، پۇختا بېسىش، ئىش قىلىشقا، نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ سىياسەت ـ تۈزۈم ئىسلاھاتى خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيان، ئارمىيەدىكى ھەر دەرىجىلىكلەر ئەتراپلىق تەشكىللىدى، پۈتۈن كۈچ بىلەن تۇرتكە بولدى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئاكتىپ ماسلاشتى، زور كۈچ بىلەن قوللىدى، ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى ئىسلاھاتى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىلدى. دىققەتنى ئىسلاھات نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەش كېرەك. ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، قاراتمىلىق ھالدا تەشۋىق ـ تەربىيەنى ياخشى قىلىپ، ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، كۆپچىلىكنى قەتئىي، ئاڭلىق ھالدا ئىسلاھاتنى ھىمايە قىلىش، ئىسلاھاتنى قوللاش، ئىسلاھاتقا ئاتلىنىشقا يېتەكلەپ، ئىسلاھاتنىڭ ئاكتىپ كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە مۇجەسسەملەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئالاھىدە مۇرەككەپلىكىنى ئىگىلەپ، سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇشنى ئاساسىي ئىدىيە ۋە پرىنسىپ قىلىپ مۇستەھكەم تىكلەش كېرەك. يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش بىلەن قاتلامغا بۆلۈپ ئۇدۇللاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسىنى ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى سىستېمىسى رامكىسىدا ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئوڭ ـ سول، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ياخشى جىپسىلاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «خىمىيەلىك رېئاكسىيە» ھاسىل قىلىش كېرەك. ئاساسلىق بىلەن قوشۇمچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىگىلەپ، يېنىك بىلەن ئېغىر، ئاستا بىلەن جىددىينى پەرقلەندۈرۈپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، ئۇرۇش قىلىش پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، سىستېمىنىڭ ئايلىنىش ھالقىسىغا چېتىشلىق، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىسلاھاتنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئالدىن ياخشى تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش پۈتۈن ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ، تۈزۈلمە خاراكتېرلىك توسالغۇ، قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەت، سىياسەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلاھاتتىكى ئۈچ چوڭ جەڭنىڭ ئۆزئارا جىپسىلىشىشى، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈشى، ئۆزئارا تولۇقلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقى زور، يېڭىلىق يارىتىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، زامانغا ماس كېلىدىغان بارلىق ئىدىيە ۋە ھەرىكەت توسالغۇسىنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى تەدبىر پىلانلاش، يېڭى چارە تېپىش، يېڭى يولدا مېڭىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. تەتقىق قىلىش، دەللىلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، تۈگۈننى دەل تېپىپ، تەدبىرلەرنى ئەمەلىي بېكىتىپ، ئىسلاھاتنىڭ دەل جايىدا بولۇشى، يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەمەلىيەتتىن كېلىش، ئەمەلىيەتكە بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان يېڭى تەجرىبە، يېڭى ئىجادىيەتلەرنى ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ، تاۋلاپ، سىياسەت ـ تۈزۈم قاتلىمىدىن مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. ئىسلاھاتنى باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى باھالاش، ئىسلاھات خەۋپ ـ خەتىرىنى باھالاش، ئىسلاھات نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاشنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك سىياسەت ـ تۈزۈملەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشىغا، ئۇزاققىچە يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى، پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشىنى كۈچەيتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، بىر تاختا شاھمات بولۇپ شەكىللىنىش، بىر تال ئارغامچا بولۇپ ئۇيۇشۇش كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئىلگىرىكىدەكلا ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئىچكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى قىلىپ، زىممىسىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى جايىدا قىلىشى كېرەك. ئارمىيە تەشەببۇسكار ھالدا مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن بولغان پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى ياخشى قىلىپ، خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ۋەزىپە ـ ئېھتىياجنى دەل جايىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ھەربىي ئىشلار سىياسەت ـ تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«مىنا تازىلاشتىكى قەھرىمان جەڭچى» شەرەپلىك نامىغا ئېرىشكۈچى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەلۇم مىنا تازىلاش ـ پارتلاتقۇچ بىرتەرەپ قىلىش چوڭ ئەترىتىنىڭ جەڭچىسى دۇ فۇگو خوتۇنىنىڭ ھەمراھلىقىدا سەھنە ئالدىغا كەلدى، شى جىنپىڭ ئۇنىڭغا قەھرىمان نەمۇنىچى مېدالى ئېسىپ قويدى، گۇۋاھنامە بەردى، ئۇنىڭ بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ «ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى ئاۋانگارت ئۇچۇش چوڭ ئەترىتى» شەرەپلىك نامىغا ئېرىشكەن ھاۋا ئارمىيە ئاۋىياتسىيە قىسمى مەلۇم لۈينىڭ ئۇچۇش 1 ـ چوڭ ئەترىتى، «ئالەم قاتنىشىدا ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشتىكى نەمۇنىلىك يەر يۈزى پونكىتى» شەرەپلىك نامىغا ئېرىشكەن 63798 ـ قىسىم يەر يۈزى ئۈسكۈنە پونكىتى، «جەڭ ئۈچۈن پەن تەتقىق قىلىش ئاۋانگارتى» شەرەپلىك نامىغا ئېرىشكەن 63837 ـ قىسىم مەلۇم ئىشخانىسىغا ئايرىم ـ ئايرىم لەۋھە بەردى.

نام بېرىش مۇراسىمى ياڭراق ئارمىيە مارشى ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى. شى جىنپىڭ شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن شەخس ۋە ئورۇنلار ۋەكىللىرى بىلەن كوللېكتىپ سۈرەتكە چۈشتى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن ۋېي فېڭخې، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن ھەمدە ھەربىي كومىتېت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق چوڭ ئورۇنلارنىڭ مۇئاۋىن ئۇرۇش رايونى ۋەزىپىسىدىن يۇقىرى رەھبەرلىرى، ھەرقايسى ئارمىيە تۈرلىرى، ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، قوراللىق ساقچى قىسىمدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ۋە مۈلكىي خادىملار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى.